# سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئىچىدە 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ زېمىندىكى ئەڭ ئالىم كىشى تۇغرۇلۇق سورىغاندا، بىر راھىب كۆرسىتىلىپ قويۇلدى، ئۇ راھىبنىڭ يېنىغا كىلىپ ئۆزىنىڭ 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، تەۋبە قىلسا قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سورىسا، راھىب: «ياق» دېدى، ئاندىن ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئىچىدە 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ زېمىندىكى ئەڭ ئالىم كىشىنى سورىغاندا، ئۇنىڭغا بىر راھىب كۆرسىتىلىپ قويۇلدى، ئۇ راھىبنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، تەۋبە قىلسا قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سورىسا، راھىب: «ياق» دېدى، ئاندىن ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ ساننى يۈزگە يەتكۈزدى، ئاندىن زېمىن ئەھلىدىن ئالىمراق بىر كىشىنى سورىسا ئۇنىڭغا بىر ئالىم كىشى كۆرسىتىپ قويۇلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈز ئادەمنى ئۆلتۈگەنلىكىنى ئېيتىپ، تەۋبە قىلسا قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سورىدى، ئالىم: «ھەئە»، كىم ئۇنىڭ بىلەن تەۋبىنىڭ ئارىسىنى توسۇپ قالالايدىكەن؟، سەن پالانى شەھەرگە بارغىن، ئۇ شەھەردە ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار، شۇ كىشىلەر بىلەن ئىبادەت قىلغىن، يۇرتۇڭغا ھەرگىز قايتىپ كەلمىگىن، بۇ يەر يامان جايدۇر، دېدى، ئۇ يولغا چىقىپ يېرىم يولغا كەلگەندە ئەجىلى توشتى، رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى تالىشىپ قالدى، رەھمەت پەرىشتىلىرى: «ئۇ تەۋبە قىلىپ، ئاللاھقا يۈزلىنىپ كەلدى» دېدى، ئازاب پەرىشتىلىرى: «ئۇ پەقەت ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ باقمىدى» دېدى، يەنە بىر پەرىشتە ئادەم سۈرىتىدە بولۇپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار ئۇنى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلىشتى، ئۇ: «ئىككى شەھەرنىڭ ئارىسىنى ئۆلچەڭلەر، ئۇ قايسى شەھەرگە يېقىن بولسا شۇنىڭغا ھېساب بولسۇن» دېدى، ئۇلار ئۆلچەپ ئۇ كىشىنىڭ قاراپ ماڭغان شەھەرگە يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئالدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇ ئادەم ياخشى شەھەرگە بىر غېرىچ يېقىن بولغاچقا شۇ شەھەرنىڭ ئەھلىدىن قىلىندى» دېيىلگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھ تائالا يامان زېمىنغا: «ئۇ ئادەمدىن يىراقلاشقىن» دەپ، ياخشى زېمىنغا: «ئۇ ئادەمگە يېقىنلاشقىن» دەپ ۋەھى قىلدى، پەرىشتىلەرگە: «ئىككى زېمىنىنىڭ ئارىسىنى ئۆلچەڭلار» دېدى، ئۇلار ئۇ ئادەمنىڭ ياخشى زېمىنغا بىر غېرىچ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىشتى، ئاندىن ئۇ ئادەمگە مەغپىرەت قىلىندى» دېيىلگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇ ئادەم ياخشى زېمىن تەرەپكە كۆكرىكى بىلەن يېقىنلاشقان ئىدى» دېيىلگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىزدىن ئىلگىرىكى بىر ئۈممەتتە بىر ئادەم توقسان توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئاندىن پۇشايمان قىلىپ، زېمىندىكى ئەڭ ئالىم كىشىنى سورىدى، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سورىماقچى ئىدى، ئۇنىڭغا بىلىمسىز ئىبادەتگۈي بىر راھىب كۆرسىتىپ قويۇلدى، ئۇ راھىبقا ئۆزىنىڭ 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، تەۋبە قىلسا قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سورىدى، راھىب بۇ گۇناھنى بەك چوڭ كۆرۈپ: «تەۋبەڭ قوبۇل بولمايدۇ » دېدى، ئۇ ئادەمنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، جېلە بولۇپ راھىبنىمۇ ئۆلتۈرۈپ ئادەمنىڭ ساننى يۈزگە يەتكۈزدى، ئاندىن زېمىن ئەھلىدىن ئالىمراق بىر كىشىنى سورىدى، ئۇنىڭغا بىر ئالىم كىشى كۆرسىتىپ قويۇلدى، ئۇ ئۇنىڭغا: ئۆزىنىڭ يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، تەۋبە قىلسا قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سورىدى، ئالىم:

«ھەئە، سەن بىلەن تەۋبىنىڭ ئارىسىنى كىم توسالايدۇ؟، تەۋبىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، لېكىن سەن پالانى شەھەرگە بارغىن، ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار» دېدى، - ئاللاھ بىلگۈچىدۇر- ئۇ كىشى ياشىغان زېمىن كۇپرى دىيارى بولغاچقا بۇ ئالىم ئۇنى ئۆز دىنى بىلەن ئاللاھتائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان بۇ شەھەرگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىغاندەك قىلاتتى، ئۇ تەۋبە قىلىپ، پۇشايمان قىلىپ دىنى بىلەن ئاللاھتائالاغا ئىبادەت قىلىدىغەن كىشىلەر بار شەھەرگە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ يېرىم يولغا كەلگەندە ئەجىلى توشتى، رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭدا تالىشىپ قالدى، رەھمەت پەرىشتىلىرى: ئۇ تەۋبە قىلدى، پۇشايمان قىلىپ، تەۋبە بىلەن كەلدى» دېدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تالاش- تارتىش يۈز بەردى، ئاللاھ يەنە بىر پەرىشتىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئەۋەتتى، ئۇ پەرىشتە: «ئىككى شەھەرنىڭ ئارىسىنى ئۆلچەڭلەر، ئۇ قايسى شەھەرگە يېقىن بولسا، شۇنىڭغا ھېساب بولسۇن، كۇپرى شەھرىگە يېقىن بولسا ئازاب پەرىشتىلىرى جېنىنى ئالسۇن، ئىمان شەھرىگە يېقىن بولسا رەھمەت پەرىشتىلىرى جېنىنى ئالسۇن» دېدى، ئۇلار ئۆلچەپ، ئۇ قاراپ ماڭغان شەھەر (ئىيمان شەھىرى) ھىجرەت قىلغان شەھەردىن بىر غېرىچ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىشتى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ جېنىنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئالدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4310